# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاي

9

سەيشەنبە

维吾尔文 3 月9日

25355 ـ سان

بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تيانشان تورى: www.ts.cn


باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چېگرىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى رىغبەتلەندۈردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

## ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىمىز

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى چېگرىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقى- شىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىدە يۇ- قىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش- نى چوڭقۇر شەرھلەپ، يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزد- كى ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە ھەر مىللەت كا- درلار، ئاممىنىڭ ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇ- قىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار قاتناشتى

## لى جەنشۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

### ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى



3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ليۇ بىن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە ئالىي خەلق سوت** مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى.

شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. لى جەنشۇ دوكلاتتا مۇنداق كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا تۈرتكە بولۇش، ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنى قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى.

لى جەنشۇ دوكلاتتا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت توققۇز قانۇننى بېكىتتى، 13 قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، قانۇن مەسىلىسى ۋە مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئالاقىدار قارارلاردىن سەككىزنى چىقاردى، 23 قانۇن لايىھەسىگە قاراپ چىقىۋاتىدۇ؛ 35 دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ چىقتى، بىر قارار ۋە ئالتە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئىككى قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراش ئېلىپ باردى، ئالتە تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بىر تۈرلۈك قارار چىقاردى؛ يەتتە تۈردىكى شەرتنامىنى تەستىقلاش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى؛ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش لايىھەسىدىن 39غا قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، قانۇن بويىچە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنى 259 ئادەم قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى.

دوكلاتتا لى جەنشۇ مۇنداق كۆرسەتتى: دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا بولغان ساداسى ۋە ئارزۇسىغا زىچ يېقىنلىشىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن ئېھتىياجى ئەمەلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە مەركەز ۋە چوڭ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ياخشى چۆرىدەپ، دۆلەت ۋە خەلققە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدى. بىرىنچى، ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قانۇنچىللىقنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. دۆلەت بايرىقى قانۇنى، دۆلەت گېربى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. ئىككىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چېگرىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى   ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، ۋاڭ جۇنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چېگرىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيسى ۋاڭ جۇنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەقىقىي تۈردە ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ ئىكەنلىكى، بارلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك تەلەپ ئىكەنلىكى، جەزمەن ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك تەلەپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن، كەم ـ كوتىسىز ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇقەررەر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىگە قاراپ چىقتى

### چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى)» «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى)» «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»غا قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيسى ۋاڭ جۇنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ۋەكىل زۇمرەت ئوبۇل مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا تۆت تەكلىپ، 100 تەۋسىيە تاپشۇردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى ياڭ، ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 12 دە 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى بەلگىلىگەن ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ تاپشۇرۇشى ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىت. ئاخىرلىشىش ۋاقتىغىچە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا تۆت تەكلىپ تاپشۇردى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ۋەكىللەرنىڭ 100 تەۋسىيەسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، يىغىندىن ئىلگىرى ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالىنى چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، تەكلىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تۇنجى قېتىم ئەزالار مەسئۇلىيىتىنى ئەلا ئادا قىلىش مۇكاپاتى تەسىس قىلدى

### مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئىككى ئەزاسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېينىڭ** بېيجىڭغا ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى: 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەلا ئادا قىلىش مۇكاپاتىنى تارقىتىش بويىچە تەقدىرلەش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، 20 ئەزا 2020 ـ يىللىق مەسئۇلىيىتىنى ئەلا ئادا قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نيۇ رۇجى، ياڭ جىيېدىن ئىبارەت مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئىككى ئەزاسى تىزىملىكتىن ئورۇن ئالدى.

«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى»گە ئاساسەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەلا ئادا قىلىش مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدۇ

ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئېيتقانلىرى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ يەنفاڭ

يۆنىلىش يولنى بەلگىلەيدۇ، يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى، رىغبەتلەندۈردى. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى دىققەتنى بۇ قىزىق نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە توختىلىپ، تەكلىپ ئۈستىدە سۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

**شىنجاڭنى غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال**

«يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شىنجاڭ خىزمىتىگە دائىر بىرقاتار تۈپ خاراكتېرلىك، يۆنىلىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بەردى، ئۇ شىنجاڭ خىزمىتىنى چىڭگىش، مۇرەككەپلىك ئىچىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال» دېدى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جياڭ پىڭئەن. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدىن ئىلگىرى، ۋەكىل مېھراي ئېبرايىم (ئوڭدىن 2 ـ كىشى) ۋەكىل لى بىن (سولدىن 2 ـ كىشى) بىلەن سۆز قىلىش مەزمۇنى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرماقتا.

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى